# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي 6
شەنبە
维吾尔文 3 月6日
25352 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57  تىيانشان تورى: www.ts.cn


## «بۇ يەرگە ‹قوم› دېگەن خەتنى قوشۇش كېرەك»

### ——— شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە ئېكولوگىيەنى تۈزەش توغرىسىدا توختالدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي

«تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇمنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىر تۇتاش پىلانلاش كېرەك، بۇ يەرگە ‹قوم› دېگەن خەتنى قوشۇش كېرەك».

هازىر دەل جانلىنىش ئويغىنىپ، بارلىق شەيئىلەر هاياتىي كۈچكە تولۇۋاتقان مەزگىل. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي زالىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم ئۆزى تۇرۇشلۇق ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كېلىپ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشى قوغداپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالدىكى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقنى مۇستەھكەملەش ئۈستىدە توختالغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «بىر تۇتاش پىلانلاش» دېگەن سۆزنى تەكىتلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

## شى جىنپىڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى

## لى كېچياڭ هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى    لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

### «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگرامما لايىھەسى تەكشۈرۈلدى  مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى ۋە ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدىكى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئائىت قارار لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى



3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار قاتناشتى، لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆبىن فوتوسى



3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن يىغىنغا هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لىن فوتوسى



3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. يىغىن هەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ دائىمىي رەئىسى، ئىجرائىيە رەئىسى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** باش باھاردىكى بېيجىڭ، ھەممە جايدا هاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. 3000غا يېقىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئېلىپ يىغىنغا قاتنىشىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىدۇ.

خەلق سارىيىنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ زالىدا كەيپىيات كۆتۈرەڭگۈ، قىزغىن ئىدى، رەئىس سەھنىسىدىكى پەردىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا دۆلەت گېربى قىپقىزىل بايراقلار ئارىسىدا چاقناپ تۇراتتى.

يىغىن هەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ دائىمىي رەئىسى، ئىجرائىيە رەئىسى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن هەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى، ئىجرائىيە رەئىسلىرىدىن ۋاڭ چېن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيماچىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، ياڭ جېنۋۇ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى ئورنىدىن ئورۇن ئالدى.

شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن ۋە يىغىن هەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ ئەزالىرى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 2953 كىشى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى يىغىنغا قاتناشقانلار 2900 كىشى، قاتنىشالمىغانلار 53 كىشى، قاتناشقانلارنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ

## جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆزى تۇرۇشلۇق 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى جەزمەن تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىگە كۆچەپ مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سىڭىشىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە «نەمۇنىلىك ئاپتونوم رايون» دېگەن ئالىي شەرەپنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئۇنىڭدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)




3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى

## شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقتى

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى  ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقتى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيىسى ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتقا قاراپ چىقتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **يۈەن لېي، جاڭ يۈنپېي، چېن چياڭۋېي**نىڭ بېيجىڭغا ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى: 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى ھەر ساھە گۇرۇپپىلىرى بويىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتقا قاراپ چىقتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)